# مەككە مۇكەررەمنىڭ پەزىلىتى ۋە

# قۇربان ھېيت كۈنلىرى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلمۇھسىن ئىبنى مۇھەممەد قاسىم

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿فضائل مكة المكرمة ومظاهر العيد الأضحى﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ عبد المحسن بن محمد القاسم

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2009 - 1430

islamhouse.com

# مەككە مۇكەررەمەنىڭ پەزىلىتى ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى

2009-يىلى 11-ئاينىڭ 27-كۈندىكى جۇمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى ماختاپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت سالام يوللىغاندىن كېيىن جۇمە نامىزى ئۈچۈن جەم بولغان يۈزمىڭلىغان جامائەتكە "ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەرزامان ۋە ھەرماكاندا نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىبادەت يالغۇز ئۆزى ئۈچۈنلا قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ بۈيۈكلىكىنى دەلىللەيدىغان ئالامەتلەرنى ئارقىمۇ-ئارقا چۈشۈردى.

زاماندىكى ئالامىتى ئۆرۈش ھارام قىلىنغان ئايلار بولسا، ماكاندىكى ئالامىتى ئۆرۈش قىلىش چەكلەنگەن زېمىن ھەرەمدىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېيدۇ: «سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ». ئاللاھنىڭ تىنچ ماكانى مەككە شەھىرىدە مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ بەش ئاساسىنىڭ بىرى بولغان ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، بۇ پائالىيەت پەقەت مۇشۇ زېمىندىلا ئادا قىلىنىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر تىنچ-خاتىرجەم بولىدۇ، ھەتتا بۇ خاتىرجەملىك زېمىندىكى ئۆسۈملۈكلەرگىمۇ يېتىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ ۋە ھايۋانلىرى ئوۋلانمايدۇ. ھاۋادىكى قۇشلارغىمۇ زىيان سېلىشقا بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ چۈشۈرۈپ قويغان نەرسىلىرى

ئېگىسىگە قايتۇرۇش مەقسىتىدىن باشقا مەقسەتتە ئېلىنمايدۇ. بۇ يەرگە كەلگەنلەرنى ئاللاھ تائالا پاكىزە ھالال يېمەك-ئىچمەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن ئىكرام قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئۇلارنى بىز تېنچ ھەرەمگە ئورۇنلاشتۇرمىدۇقمۇ؟ ھەرەمگە تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ. (بۇ) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن چۈشۈرۈلگەن رىزقتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ». مۇسۇلمان خاتىرجەملىك ۋە باياشاتلىق ئىچىدە ئاللاھغا بويسۇنۇپ ۋە قورقۇپ ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىدۇ. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "شەھەر تىنچ، ھەرەم ئۇلۇغلىنىدۇ، بۇ شەھەر قۇرۇلغاندا تىنچلىق بىرگە قويۇلغان".

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئىنسانلارنىڭ بۇ قۇرغاق جىلغىغا كېلىپ ھەج قىلىشىنى تىلىگەن، ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، تارىختىن بۇيان ئىنسانلار ھەرزامان مەزكۇر چاقىرىققا ئاۋاز قوشتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۇچۇن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق».

ئاللاھنىڭ بۇ ئۆيى ئىمان ۋە تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مۇقەددەس ئورۇنغا سۇيىقەست قىلغانلارنى ئاللاھ ئۆزى ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟». كىمكى بۇ مۇقەددەس زېمىندا مۇستەھكەم تەۋھىد ئەقىدىسىنى شېرىككە ياكى زۇلۇمغا ياكى ئۆز نەپسانىيىتىگە ئەگەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى دەرھال كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مەسجىدى ھەرامدا زۇلۇم بىلەن گۇناھ

قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز». ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھەرەمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، كىمكى بۇ شەھەردە بىرەر يامانلىقنى مەقسەت قىلىدىكەن، گەرچە ئۇ كىشى بۇ يامانلىقنى روياپقا چىقارمىسىمۇ بۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەللەر قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئەجرى كاتتا بولىدۇ".

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرەم بەيتۇللاھنى ياسىغانلىقتىن ئىبارەت ئىش-ئىزلىرىنى ئاشكارا قىلدى. بۇ قىلىنغان ئەمەللەردىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنغانلىرىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەمەللەر شەكلى ۋە سانى جەھەتتىن پەزىلەتلىك بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئەمەللەر قەلبتە ئۇلۇغلىنىش بىلەن پەزىلەتلىك بولىدۇ".

مەسىلە ئەمەلنى قىلىشلا ئەمەس بەلكى قىلغان ئەمەللەرنى بۇزۇلۇپ كېتىش ۋە ساۋابى بىكار بولۇپ كېتىش، رىيا بولۇپ قىلىش، دۇنيا مەنپەئەتى ئارىلىشىپ قىلىش ياكى ياخشى ئىشتىن كېيىن يامانلىق سادىر قىلىش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپىنى چۇۋۇپ پارچە- پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار، بىر جامائە (سان ۋە مال- مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامەئەدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەسىمڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىسىلەر». ھەج ئىبادىتىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى جىنسى، ئىرقى، تىل سىستېمىسىدىكى ۋە چېگرا ئايرىمىسىدىكى پەرقلەر

يوقـلـىپ، ئـىمـان بـىلـەن تـەقۋالـىقـنـىـڭ ئۆلچـىمـى ئاشكارا بولـىـدۇ. ئـالـلاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئـىـنسانلار! سـىـلەرنى بـىـز ھـەقـىـقـەتـەن بـىـر ئەر، بـىـر ئايالدىن، (ئادەم بـىـلـەن ھـەۋۋادىن ئـىـبارەت) بـىـر ئاتا، بـىـر ئانـىـدىـن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشـۇشـۇڭـلار ئۈچۈن سـىـلـەرنى نۇرغۇن مـىـلـلـەت ۋە ئۇرۇق قـىـلـدۇق، ھـەقـىـقـەتـەن ئـەڭ تـەقۋادار بولغانلـىـرىڭلار ئـالـلاھـنـىـڭ دەرگـاھـىـدا ئـەڭ ھۆرمـەتـلـىـك ھـېـسابـلـىـنـىـسـلـەر (يەنى كـىـشـىـلـەرنـىـڭ بـىـر- بـىـرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسـەپ بـىـلـەن ئـەمـەس، تـەقـۋالـىـق بـىـلـەن بولـىـدۇ)، ئـالـلاھ ھـەقـىـقـەتـەن ھـەمـمـىـنـى بـىـلگۈچـىـدۇر، ھـەمـمـىـدىـن خـەۋەرداردۇر». ھـاجـىـلار ئـەڭ ئۇلۇغ كۈن بولغان ئـەرەپـات كـۈنـىـدە ئۆزلـىـرىـنـىـڭ ئاجـىـز-بـىـچارە، مـىـسـكـىـنـلـىـكـىـنـى ئـىـپادىلـەپ ئـېـھرام كـىـيـىـمـلـىـرىـنى كـىـيـىـپ، ئـالـلاھـنـىـڭ بـىـرلـىـكـىـنـى نامايەن قـىـلـىـدىغان سۆزلـەر بـىـلـەن تـەلـبـىـيـە ئـېـيـتـىـپ ئـالـلاھـتـىـن ھاجـەتـلـىـرىـنى سورايدۇ، قـىـيـىـنچـىـلـىـقـلـىـرىـنى ئاسانلاشتۇرۇشنى، ئارزۇلـىـرىغا يەتكۈزۈشـنى تـىـلـەيدۇ. ئـالـلاھ تائالا بـەندىلـەرگـە رىزىـق بـەرگـۈچـى ۋە تـىـلـەكـلـىـرىگـە يەتكۈزگـۈچـىـدۇر. ئـالـلاھ بـىـر نەرسە سورىغان كـىـشـىـنـى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ ۋە ئۈمـىـتـسـىـزلـەندۈرمـەيدۇ. ئـالـلاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلار ئـېـيـتـىـدۇ: «ماڭا دۇئا قـىـلـىـڭـلار، مـەن (دۇئايىـڭـلارنى) قوبۇل قـىـلـىـمـەن، تـىـلـىـگـىـنـىـڭـلارنى بـېـرىـمـەن». ئـەرەپـات كـۈنـىـدىـن كـېـيـىـن ھـاجـىـلار ۋە بارلـىـق مۇسۇلمانلارغا يـىـلـنـىـڭ ھـەمـمـە كۈنلـىـرىدىـن بۈيۈك بولغان بـىـر كۈن كـېـلـىـدۇ، ئۇ بولـىـسـمـۇ قۇربان ھـېـيـت كۈنـىـدۇر. پەيغەمـبـەرئەلـەيھـىـسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئـالـلاھـنـىـڭ نەزىـرىـدىكى ئـەڭ كاتتا كۈن قۇربان ھـېـيـت كۈنى، ئۇنـىـڭـدىـن قالسا ھـېـيـتـنـىـڭ ئـىـكـكـىـنچى كۈنـىـدۇر». ئـىـبـنـى رەجـەب رەھـىـمـەھۇللاھ

مۇنداق دەيدۇ: "قۇربان ھېيت كۈنى ئىككى ھېيت كۈنىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

ئىككى ھېيتنىڭ بىر كۈندە بولىشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خۇرسەنلىكنى زىيادە قىلىدۇ، جۈمە كۈنى بىر ھەپتىنىڭ ھېيتى، قۇربان ھېيت كۈنى بولسا ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىدىغان ھېيتتۇر، بۇ كۈننىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ھۆرمىتى بولۇپ، بۇ كۈندە ھېيت نامىزى ئوقۇغان كىشى جۈمە نامىزى ئوقۇماستىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ. ئەمما ھېيت نامىزى بىلەن جۈمە نامىزىنى تەڭ ئوقۇسا بۇنىڭ پەزىلىتى كاتتا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ھەۋزى-كەۋسەردىن ئىبارەت بۈيۈك نېمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىپ ناماز ئوقۇپ، قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىغان. ئاللاھ بارلىق كىشىلەرگە قۇربان ھېيت كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە مال بوغۇزلاش ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىشقا بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئۇلۇغ كۈنلەردە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىشى ۋە تۈرلۈك پىسق-پۈجۇر ئورۇنلىرىدىن يىراق بولىشى كېرەك. مۇسۇلمانىنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلماستىن، تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنىڭ ھەممىسى ھېيت كۈنى ھېسابلىنىدۇ.

جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز تائەت-ئىبادىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن.